# 21724 ـ سۈنئى كىرپىك يەملەش توغرىسىدا

### سۇئال

ئەسلى كىرپىكنىڭ ئۈستىگە سۈنئى كىرپىك يەملىسە قانداق بولىدۇ؟، بۇنداق قىلىش كۆزنى چوڭ ۋە جەلىپ قىلارلىق قىلىدۇ. (بەزى ئاياللار ئەرلىرى ۋە مەھرەملىرىنىڭ ئالدىدا قىلىدۇ؟.) بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دائىمي كومىتېت پەتىۋاسىدا مۇنداق كەلگەن " :سۈنئى تىرناق ۋە سۈنئى كىرپىك ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش بەدەندىكى شۇ ئەزالارغا زەرەر بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىش، باشقىلارنى ئالداش ۋە گوللاش بولىدۇ."] "دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى- 17  "توم- 133 بەت.]

"شەرئەت بىلەن تېبابەتنىڭ ئارىسىدىكى ئاياللارنىڭ زىننەتلىرى "ناملىق ئەسەرنىڭ- 33 بېتىدە مۇنداق كەلگەن" :سۈنئى كىرپىك ۋە تەبئىي كىرپىكنى مايلايدىغان ماددىلار توغرىسىدا دوختۇرلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ نىكېل تۇزىدىن ياكى سۈنئى كاۋچۇكتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئىككى كىرپىكنىڭ چۈشىشى ۋە قاپىقىنىڭ ياللۇقلىنىشىغا سەۋەپ بولىدىكەن."

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.